

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

# 新疆文史

2012 - يىللىق سان ( ئومۇمىي 46 - سان )

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى
ش ئۇ ئا ر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

(ئىچكى ژۇرنال، ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

2012 ـ يىللىق مەخسۇس سان (ئومۇمىي 46 ـ سان)

## مۇندەرىجە

### تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەر

شىنجاڭنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش
لازىم ............................................................................. شۇ يى (1)
ئۈرۈمچىدىكى سۇ كىرىزىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ................................. جاڭ گوۋېن (5)

### مەدەنىيەت كۆزنىكى

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت زامانىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۇرۇشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ...... مۇھەممەت زۇنۇن (8)
رادلوف ۋە پانتۇسوف ئىلىدىن توپلىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھەققىدە ......... نىجات سوپى (11)
بىر پارچە سۈرەتنىڭ سىرى ............................................. يالقۇن روزى (18)
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ........................ يۇسۇپجان ياسىن (34)

### تارىخىي ئىزنالار

ياۋروپالىق ئىككى ئالىمنىڭ كەلپىن ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ........................ مامۇت قۇربان (39)
پىروفېسسور فېي شاۋتوڭنىڭ شىنجاڭ سەپىرى ........................................ خې بىڭجى (48)
ئىلىدىكى ئاغۇ مەھەللىلىرى قانداق شەكىللەنگەن ................................ ئىمام نامەت (54)
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ كۇچادا ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇن ... شېرىپ خۇشتار (71)
شېڭ شىتۇڭ خانىمنىڭ ھاياتى ............................................ لو شاۋۋېن (82)

### شەخسلەر مۇنبىرى

سىياسىي ئەرباب ئابدۇللا روزىباقىيېف توغرىسىدا ........................ تۇرسۇن ئەرشىدىن (96)
مەدەنىيەت ئەربابى ھۇسەيىنبەگ يۇنۇسوف توغرىسىدا ........................ ئابدۇۋەلى مۇقىيىت (104)
تارىخ ئۇنتۇمايدۇ ................................................ مۇھەممەدتۇرسۇن سىدىق (111)
ساچىيە مەدرىسەسىدە يېتىلگەن ئالىم ........................................ ئۇچقۇنجان ئۆمەر (119)

# رادلوف ۋە پانتۇسوف ئىلىدىن توپلىغان خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ھەققىدە

نىجات سوپى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چارۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ھەرقايسى تۈركىي قوۋملارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، تىلى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۇ قوۋملارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ئېنىقلاشنى ۋە مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىش خىزمىتىنى باشلىغانىدى. شۇ قاتاردا بارتولد، رادلوف، پانتۇسوف، كاتانوف، چوقان ۋەلىخانوف قاتارلىق ئالىملار ئۇيغۇرلار ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بىر مۇنچە ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋە يەتتەسۇ رايونىدىكى «تارانچى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يىغىلغان بىر يۈرۈش ماتېرىياللارمۇ بار.

بۇ كىتابلاردا قوللىنىلغان «تارانچى» ئاتالغۇسى قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ، ئەسلىي شەكلى «تارىغچى» ئىدى. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «تارىغ»، يەنى تېرىقتۇر، بۇ يەردىكى «چى» ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تېرىق» سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسى بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنە دائىرىسىدىن كەڭ بولۇپ، بارلىق زىرائەتلەرنى كۆرسەتكەن. «تارىغچى» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تېرىقچى، دېھقان» مەنىلىرىنى بىلدۇرگەن. كېيىن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىن قەدىمكى موڭغۇل تىلىغا كىرگەن. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچى لىن گەن تۈزگەن «سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ‹تارىغچى› (دېھقان) ئاتالغۇسى جۇرجىت ۋە قىتان تىللىرىدىكى ‹دابۇي› (دېھقان) سۆزىنىڭ ئورنىنى ئالدى، موڭغۇل تىلىدا ‹تارىياچىن› شەكلىدە قوللىنىلدى.» 16 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ ئاتالغۇ «تارانچى» شەكلىگە كېلىپ، جوڭغار موڭغۇللىرى تەرىپىدىن قايتا قوللىنىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەلقلەرنى، جۈملىدىن ئىلىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلۈپ تېرىقچىلىققا سېلىنغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

رۇس ئالىملىرى ئىلىدىن توپلىغان بۇ ماتېرىياللار بۈگۈنكى كۈندە بىزنى ئەينى دەۋردىكى بۇ رايوندا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتقا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، شۇ زامان ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتىنى مەزمۇن ۋە تىل نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشىمىزغا مۇھىم تارىخىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن ھازىر قولىمىزدا بار بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. «تارانچى دىيالېكتى»: بۇ كىتاب ئاتاقلىق تۈركولوگ رادلوف ۋاسىلىي ۋاسىلېۋىچ (1837 ~ 1918) نىڭ «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابلىرىنىڭ 6 ـ تومى سۈپىتىدە 1886 ـ يىلى سانكت پېتېربۇرگتا نەشر قىلىنغان. ئەسەر ئۇيغۇرچە تېكىست ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىدىن تەركىب تاپقان. ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى 211 بەت، نېمىسچە تەرجىمىسى 272 بەت.

رادلوف تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئۆزىگە خاس بىر دەۋر، يەنى ئەڭ گۈللەنگەن «رادلوف دەۋرى»نى ياراتقان

شەخس. ئۇ بۇ ساھەدە 138 پارچە ئەسەر ئېلان قىلغان. مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «شىمالدىكى تۈركىي قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر» (1866 ~ 1907)، «تۈركىي تىللار دىيالېكتلىرى لۇغىتى. سىناق نۇسخىسى» (24 قىسىم) قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

رادلوفنىڭ «تارانچى دىيالېكتى» ناملىق بۇ كىتابىدىكى ئەسەرلەر يەتتە بۆلەككە بۆلۈنگەن. 1 - بۆلەك ماقال - تەمسىللەر بولۇپ، 52 پارچە ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. 2 - بۆلەك پەند - نەسىھەتلەر بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئائىت يەتتە پارچە پەند - نەسىھەت كىرگۈزۈلگەن. 3 - بۆلەك «ئېلىنى مەلۇم قىلغان بىر قىسىم خەۋەرلەر» بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شۇ دەۋردىكى ھاكىمبەگ غوجىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان ھەمەر باقى ئىسىملىك شەخسنىڭ نامىدا يېزىلغان 20 پارچە تارىخىي خاتىرە بېرىلگەن. بۇ خاتىرىلەر بىزنى ئىلىدىكى گېنېرال مەھكىمىسى ۋە ھاكىمبەگ غوجا ھاكىمىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. 4 - بۆلەك مەسەللەر بولۇپ، تۆت پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن، 5 - بۆلەك خەلق ئارىسىدىكى ھېكايىلەر بولۇپ 10 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن، 6 - بۆلەك چۆچەكلەر بولۇپ 12 پارچە چۆچەك كىرگۈزۈلگەن،7 - قىسمى بېيىتلار بولۇپ 15 يۈرۈش بېيىت كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كىتابتىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى دەۋردە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىلەنگەن، يەنە بىر قىسمى خەلق ئارىسىدىكى بەزى يازمىلاردىن ئېلىنغان. ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى سلاۋىيان يېزىقى بىلەن لاتىن يېزىقىنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلگەن بەلگىلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتىكى ئىپادىسى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىغىچە بىرقەدەر ئىنچىكە خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، سەككىز سوزۇق فونېمىنىڭ ھەربىرى تاۋۇش ئۆزۈنلۈقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىككى - ئۈچ، ھەتتا تۆت خىل تاۋۇش ئېلېمېنتى شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. «شۈكرى، مەكرى، يۈك، ھېكمەت، ھۆكمە، ئىكرام، يۈكلەدى، مەكتەپ، مۆكچەيىپ، مۆكتۈرۈپ» قاتارلىق بىر قىسىم سۆزلەردىكى بىز «ك» ھەرپى بىلەن يازغان تاۋۇش ئۇيغۇر تىلى ئىلى شېۋىسىدە «ك» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى سەۋەبىدىن ھاسىل بولىدىغان سىيرىلاڭغۇ، تىل تۈۋى، جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇش بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇ ئايرىم ھەرپ (x) بىلەن ئىپادىلەنگەن.

كىتاب نەشر قىلىنغان ۋاقىت 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە قاراپ قەدەم قويۇۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ دەۋردە تىلىمىزدا فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلەردە بەزى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىۋاتاتتى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى زامان خەلق ئېغىز تىلىدىن خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، تېكىستلەردە ئەينى دەۋر ئېغىز تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش، قوشۇلۇپ قېلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قاتارلىق فونېتىكىلىق ھادىسىلەر بىرقەدەر ئېنىق ئەكس ئەتكەن.

2. «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۈرنەكلەر»: بۇ ئەسەر نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف (1849 ~ 1909) تەرىپىدىن يىغىپ خاتىرىلىنىپ، 1909 - يىلى قازان شەھىرى دارىلئۇلۇم ۋە ئەلفۇنۇن مەتبەئەسىدە بېسىلغان. كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمىغا «يەتتەسۇ ۋىلايىتىدىكى تارانچىلارنىڭ ئارىسىدا نىكولاي پانتۇسوف يېزىپ ئالغان چۆچەكلەر، ماقاللار، تېپىشماق - جۇمباق سۆزلىرى، بېيىت، مۇخەممەس، ئاغرىققا ۋە جىن - پەرىگە قارشى ئېيتىدىغان سۆزلەر، كونا - يېڭى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى بېيىتلار» دەپ نام بېرىلگەن.

پانتۇسوف 1883 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە چار رۇسىيە يەتتە سۇ ۋىلايىتى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىدىلىغا ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارى بولۇپ خىزمەت قىلغان. پانتۇسوف يەتتە سۇ ۋە ئىلىدا تۇرغان مەزگىلدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن پائال شۇغۇللانغان ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى رۇسىيەنىڭ سانكت پېتېربۇرگ، قازان، تاشكەنت

قاتارلىق جايلىرىدىكى مەتبۇئاتلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرغانىدى. پانتۇسوف يەنە بىر قىسىم ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى نوتىغا ئالدۇرغان، ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن 62 خىلىنى سىزما رەسىمى بىلەن تونۇشتۇرغان. «مەۋلانە يۇسۇف سەككاكى (ئىلى سەككاكى) مازىرى» ناملىق ماقالىسىمۇ مەخسۇس كىتابچە شەكلىدە 1906 ـ يىلى سانكتپېتېربۇرگتا بېسىلغان.

پانتۇسوف شۇ دەۋردە ئىلىدا ياشىغان رېئالىست شائىر موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ بىلەن يېقىن كۆرۈشكەن ھەمدە يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى توپلاش ۋە رەتلەشتە ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشقان. پانتۇسوف موللا بىلالنىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» داستانىنى 1880 ـ يىل قازان شەھىرىدە نەشر قىلدۇرغان. كېيىنكى يىلى يەنە بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرگە ئائىت سۆزلۈك، ئىزاھات ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان. بەزى ئۇچۇرلاردا پانتۇسوفنىڭ «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق كىتابىنىڭ «تارانچىلارنىڭ چۆچەكلىرى» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن «چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسىسى»، «تەبىب پادشاھ بىرلە زۆھرەخانىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلۇر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ موللا بىلال خاتىرىلىگەن دېيىلىدۇ.

«تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى 165 بەت بولۇپ، تارانچىلارنىڭ چۆچەكلىرى، ماقاللار، تېپىشماق، بېيىت ـ جۈمباق سۆزلىرى، بېيىت ـ مۇخەممەس، ئاغرىق ۋە جىن ـ پەرىلەرگە قارشى ئېيتىدىغان سۆزلەر، كونا ـ يېڭى ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بېيىتلار قاتارلىق ئالتە بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. چۆچەكلەر قىسمىغا كىرگۈزۈلگىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قىسسىسى، ھېكايەت چاڭموزا يۇسۇفخان، تەبىب پادشاھ بىرلە زۆھرەخانىنىڭ ۋەقەلىرى، نوزۇگۇمنىڭ قىسسىسى قاتارلىق تۆت پارچە ئەسەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى پارچىسى موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ (1823 ~ 1900) نىڭ يازما ئەسىرىدۇر. ماقاللار قىسمىغا 494 پارچە ماقال ـ تەمسىل كىرگۈزۈلگەن، ماقال ـ تەمسىللەر مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۆز ئىچىدىن بىرقانچە ماۋزۇلارغا ئايرىلىپ كۆرسىتىلگەن ھەمدە ھەربىر ماقال ـ تەمسىلنىڭ مەنىسى چۈشەندۈرۈلگەن، ھەتتا بەزى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرمۇ تەپسىلىي يېزىلغان. تېپىشماق ـ جۈمباق سۆزلىرى قىسمىغا 122 پارچە تېپىشماق ۋە ئۇنىڭ جاۋابى كىرگۈزۈلگەن. بېيىت ـ مۇخەممەس قىسمىغا ئىككى پارچە شېئىرىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. ئاغرىق ۋە جىن ـ پەرىلەرگە قارشى ئېيتىدىغان سۆزلەر بۆلىكىگە ئاغرىق يوقلىغاندا ئېيتىدىغان تەسەللى سۆزلىرى ۋە ئاغرىنىقا دەم سېلىپ ئوقۇتقاندا ئېيتىدىغان دۇئا سۆزلىرى كىرگۈزۈلگەن. كونا ـ يېڭى ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بېيىتلار بۆلىكىدە بېرىلگىنى ئەمەلىيەتتە ئىلىدا ئۆتكەن شائىر سېيىت مۇھەممەت قاشىنىڭ «شىكەستنامە» داستانى بولۇپ بەش باب، 132 كۇپلېتتىن تەشكىل تاپىدۇ.

3. «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»: بۇ توققۇز پارچە كىچىك كىتابچىدىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش كىتابلار بولۇپ، پانتۇسوف تەرىپىدىن توپلىنىپ 1897 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە قازان نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان. بۇ توققۇز كىتابنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى كىتاب، «بەختلىك ۋە بەختسىز كۈنلەر ھەققىدە كىتاب» (سائەتنامە) بولۇپ، 1897 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، 23 بەت. چاغاتاي يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.

ئىككىنچى كىتاب، «تارانچى تېپىشماقلىرى» بولۇپ، 1898 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، 44 بەت. بۇ كىتابچىغا 177 پارچە تېپىشماق كىرگۈزۈلگەن. چاغاتاي يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمە، ئىزاھات بېرىلگەن.

ئۈچىنچى كىتاب، «بەختلىك ۋە بەختسىز يىل ھەققىدە كىتاب» بولۇپ، 1901 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، 28 بەت. بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، چاغاتاي يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمە، ئىزاھات بېرىلگەن.

تۆتىنچى كىتاب، «تارانچى خەلق بىلىملىرى»، 1900 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، 22 بەت.

بەشىنچى كىتاب، «تارانچى باخشىلىرىنىڭ دۇئا ۋە قەستلىرى»، 1900 - يىلى نەشر قىلىنغان، 21 بەت. كىتابتا ئىككى يۈرۈش دۇئا قوشاقلىرى بار بولۇپ، چاغاتاي ۋە سىلاۋىيان يېزىقلىرىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى ھەمدە بىر قىسىم دۇئا قوشاقلىرىنىڭ مۇزىكا نوتىسى بېرىلگەن.

ئالتىنچى كىتاب، «قەشقەرىيەنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ھەققىدە قوشاق»، 1901 - يىلى نەشر قىلىنغان، 41 بەت. بۇ كىتابچىدىكى قوشاقلار بەش بابقا بۆلۈنگەن، جەمئى 66 كۇپلېت ھەمدە بىر قىسىم نەسرىي ئىزاھاتلارمۇ بار. ئەسەرنىڭ چاغاتاي ۋە سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى ھەمدە مۇزىكا نوتىسى بېرىلگەن. ئەمما، بۇ كىتابچىدىكى بىر قىسىم قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا بۈگۈنكى كۈندە تەنقىدىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يەتتىنچى كىتاب، «تارانچىلارنىڭ چۈش تەبىرى»، 1901 - يىلى نەشر قىلىنغان، 40 بەت.

سەككىزىنچى كىتاب، «ياشلارنىڭ پوتا ئويۇنى ئوينىغاندا ئېيتقان بېيىتلىرى»، 1907 - يىلى نەشر قىلىنغان. چاغاتاي يېزىقى ۋە سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە قىسىملار ۋە رۇسچە تەرجىمىسىدىن تەركىب تاپقان، جەمئى 44 بەت. بۇنىڭدا 43 كۇپلېت بېيىت بار بولۇپ، چاغاتاي ۋە سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھات بېرىلگەن.

توققۇزىنچى كىتاب، «تارانچىلارنىڭ بالىلار ۋە چوڭلار ئويۇنلىرى»، 1907 - يىلى نەشر قىلىنغان، 18 بەت. بۇنىڭدا بابۇت، ئالا - ئالا قۇشلاردۇر، مۆكمۆكىلەڭ، مەشرەپ قاتارلىق تۆت ئويۇننىڭ شەكلى تونۇشتۇرۇلغان. چاغاتاي ۋە سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.

4. «تارانچى ناخشىلىرى»: بۇ كىتاب پانتۇسوف تەرىپىدىن 1890 - يىلى رۇسىيە سانكت پېتېربۇرگ ئىمپېرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتىدا چاغاتاي يېزىقىدا نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتابقا 54 پارچە ناخشا ۋە بىر قىسىم ئۆرپ - ئادەت بېيىتلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ناخشىلارنىڭ ئىچىدە «يا ئاللا، ئىنشائاللا ناخشىسى»دا بايانداي ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن، «نوزۇگۇم ناخشىسى»، «مايىمخاننىڭ ناخشىسى»، «گۈلەمخان ناخشىسى» قاتارلىقلار تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ناخشىلىرى بولۇپ، بۇلار ھەممىسى ھازىرقى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

كىتابتا «ئاللا ئۆرگىلىمەن»، «دانە - دانە خاللىرىڭدىن»، «ئوتۇڭ يامان ناخشىسى»، «غېرىبىڭمەن»، «نەغمىدە ئېيتىلىدىغان ناخشا»، «يا ھۇ يارەي يا مەۋلانەي ناخشىسى»، «شەھلا كۆزى مەستانە»، «يۇمىلاق چوكان ناخشىسى»، «ئۆرگىلىمەن ئاللا ناخشىسى»، «گۈل يارەي دادەي ناخشىسى»، «ھەمدەم يارەي ناخشىسى»، «مەن ھەيران ئارسلانخان ناخشىسى» قاتارلىق 12 ناخشىنىڭ ئاخىرقى بېيىتىدا موللا بىلالنىڭ «نازىمى» تەخەللۇسى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، بۇ 12 ناخشىنىمۇ موللا بىلالنىڭ يازغانلىقى ئېنىق.

ئۆرپ - ئادەت بېيىتلىرى قىسمى «A، B، C، D» ناملىرى بويىچە تۆت چوڭ بۆلەك، سەككىز بابقا ئايرىلغان. يەنى I - بابتىن V - بابقىچە بولغان توي تارتىپ ماڭغاندا ئېيتىدىغان ئۆلەڭ، قىز كۆچۈرگەندە ئېيتىلىدىغان جىن قىچقىرىش بېيىتلىرى، قىز ئانىسىنىڭ ئېيتىدىغان سۆزلىرى، چۈچۈ سالاۋات، كۈيئوغۇلنى سالامغا ئېلىپ بارغاندا ئېيتىلىدىغان سۆزلەر قاتارلىقلار «A» بۆلەككە، VI - باب بارات ئېيىدا ئېيتىلىدىغان دۇئا بېيىتلىرى «B» بۆلەككە، VII - باب رامىزان قوشاقلىرى «C» بۆلەككە، VIII - باب بارات كەلگەندە ئېيتىدىغان بېيىتلار، نورۇز ئېشىنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى، ئىككى ھېيتتا قەلەندەرلەرنىڭ گۈلخان سالغاندا ئېيتىدىغان بېيىتلىرى، قارىغۇ تىلەمچىلەرنىڭ نەرسە تىلىگەندە ئېيتىدىغان سۆزلىرى قاتارلىقلار «D» بۆلەككە تەۋە قىلىنغان. كىتابنىڭ ئاخىرىغا يەنە I (يائاللا، ئىنشائاللا ناخشىسى)، III (خانلەيلۇن ناخشىسى)، V (مەستانە يارەي ناخشىسى) قاتارلىق ئۈچ پارچە خەلق ناخشىسى ۋە A.I. (ھاي - ھاي ئۆلەڭ)،

A.II. (يىغلىما قىز)، A.III. (قىز ئانىسىنىڭ يىغلاپ ئېيتقان سۆزى)، C.VII.1 (رامزان چىرلاسى)، D.VIII.1 (بارات كەلدى) قاتارلىق بەش پارچە ئۆرپ ـ ئادەت بېيىتىنىڭ مۇزىكا نوتىسى بېرىلگەن.

بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىپ ھازىرغىچە ئارىدىن 120 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئىلى خەلق ناخشىلىرى تېخىمۇ بېيىدى، بارغانسېرى سىستېمىلاشتى. بۈگۈن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى بۇ نۇسخىسىغا باققىنىمىزدا ئۇنىڭ كونا شەكلىدىن يەنە يېڭىدىن نۇرغۇن نەرسەلەرنى كۆرەلەيمىز.

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «تارانچى ناخشىلىرى» ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش ھارپىسىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا تىلىمىزدا يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدا بارلىققا كەلگەن بەزى فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىمىز.

فونېتىكا جەھەتتە، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ۋە بىر قىسىم تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىلىرى بۇ تېكىستلەردە بىرقەدەر ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىنىڭ بۇ دەۋردە كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك كەڭ ئومۇملىشىپ كەتمىگەنلىكى، بەلكى نۇرغۇن ئەھۋاللاردا بۇ تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلەشمەستىن، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىزگە ئايان بولىدۇ. ئەسلىي تېكىستتە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەردە كەلگەن «ف» تاۋۇشى يېزىقتا ئەينەن ئېلىنغان. لېكىن كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى مۇزىكا نوتىسى بىلەن بىللە بېرىلگەن ناخشا تېكىستىنىڭ تىلىدىن قارىغاندا بۇ سۆزلەردىكى «ف» تاۋۇشىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان «پ» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ جەھەتتىن ئەسەر تىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ.

لېكسىكا جەھەتتە، بۇ دەۋر تىلىدا ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەرنىڭ نىسبىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە نىسبەتەن بىرئاز يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئازىيىپ، يېزىق تىلىنىڭ خەلقنىڭ ئاغزاكى تىلىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ناخشىلار ئىچىدە «جانىما ناخشىسى»دا خەنزۇچە تەركىبلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق تېكىستتە بىر خىل قىزىقارلىق، جانلىق شېئىرىي كەيپىيات يارىتىلغان. بۇنىڭدىن يەنە ئەينى دەۋر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنىمۇ كۆرەلەيمىز. «بايانداي، چولۇقاي، خونىخاي، جىرغىلاڭ، كۆرە» قاتارلىق بىر قىسىم موڭغۇلچە يەر ناملىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىن موڭغۇل تىلىنىڭمۇ بۇ رايون ئۇيغۇر شېۋىسىدىكى بەلگىلىك تەسىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەشقەر شېۋىسىدىكى «قايداق»، تۇرپان شېۋىسىدىكى «ئايلا» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىيالېكت ـ شېۋىلىرىنىڭ ئىلىدا ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، يېڭى بىر ئارىلاشما تىل شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىمۇ ئايان بولىدۇ.

ناخشىلارنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسىلا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىلىرى بولماستىن، بەلكى بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان ناخشىلارنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن، «مايىمخاننىڭ ناخشىسى»دىكى قەشقەرلىق ئىسيانكار قىز مايىمخاننىڭ تەسۋىرى، «قومۇل ناخشىسى يار سەنەم»دىكى مەزكۇر ناخشىنىڭ نامى ۋە ناخشا مەزمۇنى قاتارلىقلار ھەمدە قەشقەر، تۇرپان، قومۇل شېۋىسىگە ئائىت يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ناخشا تېكىستلىرىدە قوللىنىلىشى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئۆرپ ـ ئادەت بېيىتلىرىدىن، بىز يەنە خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئۆلەڭ ئېيتىش،

جىن قىچقىرىش، قىز ئۇزاتقاندا ئانىسىنىڭ قوشاق ئېيتىشى، چۇ-چۇ سالاۋات، يىگىتنى سالامغا ئېلىپ بېرىش، رامىزان قوشاقلىرى، بارات قوشاقلىرى، نورۇز ئېشى ئېتىش، نورۇز بېيىتلىرى ۋە ئىككى ھېيتتىكى پائالىيەتلەرگە ئائىت بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر تاپىمىز. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

5. «تارانچى باخشىنىڭ پېرە ئوينىتىشى»: بۇ كىتاب پانتۇسوف تەرىپىدىن 1907 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمى چاغاتاي يېزىقىدا بولۇپ، باخشىلارنىڭ پېرە ئويناتقاندا ئېيتىدىغان بىرقانچە يۇرۇش پېرە قوشاقلىرى ھەمدە ئۇنىڭ مۇزىكا نوتىسى بېرىلگەن، ئۇنىڭدىن سىرت قوشاقلارنىڭ رۇسچە تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى بېرىلگەن.

6. «ئۆسەك توغرىسىدا يېڭى چىقارغان ناخشىلار»: بۇ كىتاب پانتۇسوف تەرىپىدىن 1907 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابچىغا 26 كۇپلېت قوشاق كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىسى چاغاتاي يېزىقى ۋە سلاۋيان يېزىقىدا بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا رۇسچە تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى بار.

ئومۇمەن، رادلوف، پانتۇسوف قاتارلىق رۇس ئالىملىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن خاتىرىلىگەن بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە بىر قىسىم يازما ئەدەبىياتقا، تارىخقا ئائىت ماتېرىياللار بۈگۈنكى كۈندە ئالدى بىلەن بىزنى ئەينى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت ئەھۋالغا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن بىز چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش دەۋرىدە تۇرغان ئۆتكۈنچى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلىيەلەيمىز ھەمدە بۇ ماتېرىياللارنىڭ تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ يېقىنقى 100 نەچچە يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار بولالايمىز. فولكلور نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەينى دەۋر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ماقال - تەمسىل، قوشاق، بېيىت، تېپىشماق قاتارلىق تۈرلىرىگە ئائىت بىر قىسىم ئەسەرلەر ۋە خەلق ئويۇنلىرى، نورۇز، بارات، رامىزان ئېيتىش قاتارلىق خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن، شۇنداقلا ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، جۈملىدىن ئىلى گېنېرال مەھكىمىسى ۋە يەرلىك ھاكىمبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى، تارىخىي ئەھۋالغا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن خەۋەر تاپالايمىز. بۇ ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە تىلشۇناسلىق، فولكلور ۋە تارىخشۇناسلىق نۇقتىلىرىدىن ئوخشاشلا چوڭقۇر تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

## پايدىلانمىلار:


1. رادلوف ۋاسىلىي ۋاسىلېۋىچ: «شىمالدىكى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابلىرىنىڭ 6 - تومى «تارانچى دىيالېكتى»، 1886 - يىلى، سانكت پېتېربۇرگ.

2. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر»، قازان شەھىرى دارىلئۇلۇم ۋە ئەلفۇنۇن مەتبەئەسى، 1909 - يىلى.

3. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، بىرىنچى كىتاب «بەختلىك ۋە بەختسىز كۈنلەر ھەققىدە كىتاب»، 1897 - يىلى، قازان.

4. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، ئىككىنچى كىتاب «تارانچى تېپىشماقلىرى»، 1898 - يىلى، قازان.

5. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، ئۈچىنچى كىتاب «بەختلىك ۋە بەختسىز يىل ھەققىدە كىتاب»، 1901 - يىلى، قازان.

6. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، بەشىنچى كىتاب

«تارانچى باخشىلىرىنىڭ دۇئا ۋە قەستلىرى»، 1900 ـ يىلى، قازان.

7. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، ئالتىنچى كىتاب «قەشقەرىيەنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ھەققىدە قوشاق»، 1901 ـ يىلى، قازان.

8. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، سەككىزىنچى كىتاب «ياشلارنىڭ پوتا ئويۇنى ئويىنىغاندا ئېيتقان بېيىتلىرى»، 1907 ـ يىلى، قازان.

9. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، توققۇزىنچى كىتاب «تارانچىلارنىڭ باللار ۋە چوڭلار ئويۇنلىرى»، 1907 ـ يىلى، قازان.

10. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «تارانچى ناخشىلىرى»، رۇسىيە ئىمپېرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى، 1890 ـ يىلى، سانكت پېتېربۇرگ.

11. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «تارانچى باخشىنىڭ پېرە ئوينىتىشى»، 1907 ـ يىلى، تاشكەنت.

12. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «ئۆسەك توغرىسىدا يېڭى چىقارغان ناخشىلار» 1907 ـ يىلى، قازان.

13. نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتۇسوف: «مەۋلانە يۈسۈف سەككاكى (ئىلى سەككاكى) مازىرى»، 1906 ـ يىلى، سانكت پېتېربۇرگ.

14. ئاخمەت جافەرئوغلۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈك»، تۈركىيە ئەندەرۇن كىتابخانىسى، 1993 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 148 ـ بەت.

15. 林干：《塞北文化》，内蒙古教育出版社，第564页， 2006年12月，呼和浩特。

**(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور)**



بۇ سۈرەت 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا غۇلجىدىكى تاتارلارنىڭ تويىدا تارتىلغان بولۇپ، سۈرەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى غۇلجىدىكى تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرى، ئاز بىر قىسمى ئىسمائىل مۇسابايېۋ (ئارقا رەت ئوڭدىن بىرىنچى يىگىت) قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرى. بۇ سۈرەتتىن ئەينى يىللاردىكى تەرەققىيپەرۋەر غۇلجا ياشلىرىنىڭ جۇشقۇن روھىي ھالىتىنى ۋە مەدەنىي قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسمائىل مۇسابايېۋ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدە نازىر بولغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

سۈرەتنى تەمىنلىگۈچى: يالقۇن روزى